# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(12)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

12



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز، ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيىۋ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (12)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سىرلىق كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالوڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقتلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەش-
لىرى سەلەي چاققاننىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشى-
گە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۆلۈپ، زىيىنى-
غا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قول-
چوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قو-

www.uyghurkitap.com

شاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان.
سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە هازىر جاۋاب، هەرد-
كەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى
«سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام هازىرغا قەدەر كىشى-
لەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ،
هەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، هەم نەزم ـ
شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بايان
قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بو-
لۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماهىيەتلىك بىر
نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۇرلۇك ئالاهىدىلىك-
لىرىنى قانۇنىيەتلىك هالدا توگون، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان
قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز
قىممىتىنى ساقلاپ، ئۇزۇكسىز بېيىپ، ئۇزۇكسىز مۇكەممەل-
لىشىپ، ئۇزۇكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدد-
كى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇ-
مۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل ــ لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى.
سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ،
ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل
بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن هەممە كىشىگە، هەممە جايغا باب
كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-

مىدىن باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، ياساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى ـ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەنلىكى، تۇزۇلۇشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ـ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك

www.uyghurkitap.com

دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگە-
شىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۆۋرۈك ۋە ئا-
ساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن
ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تې-
خىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا تو-
قۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققانىنىڭ نامى بىلەن چەم-
بەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە
يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپى-
لىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس
خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان
لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم يانداشتۇرۇپ
ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققانىنىڭ
پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد يارىتقان
پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن
سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار،
رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم
بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن
بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


پىياز نەدىن تېپىلىدۇ؟ ........................ 2
ئىنسابىغا بىر قەدەھ ........................ 4
قانداق ياسىنىپ يۇرسە بولار؟ ........................ 6
ئاپتورنى يۆلەش ........................ 8
سالام خەت ........................ 10
سېتىلىپ بولغان ........................ 12
كەنجىسى ........................ 14
كىملەر ئەڭ سېخىي؟ ........................ 16
قەسەم ئىچتىم ........................ 18
يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن ........................ 20
مېنىڭ پۇلۇم ھالال ........................ 22
گىلەم سودىسى ........................ 24
ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن ........................ 26
دوكلات ئىچىدە ........................ 28
سىلىگە قالسۇن ........................ 30
يېڭى بولۇش ئۈچۈن ........................ 32
قۇلىقى يۇمشاق ئەر ........................ 34
بابلاش ........................ 36
ئوت يېسە ئۆلۈپ كېتىدۇ ........................ 38
چوڭ بولغاندا ........................ 40

# پىياز نەدىن تېپىلىدۇ؟

سەلەي چاققان ئۆيگە ئالدىراپ كېتىۋاتسا، بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ قاپتۇ ۋە:

— ئۆيگە مېھمان كېلىپ قېلىپ، غىزا ئۈچۈن پىيازغا چىقسام، دۇكانلار تاقىلىپ قاپتۇ، كېچىكىپ قاپتىمەن. ئەمدى پىياز نەدىن تېپىلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كەچكى بازارنىڭ سامساسىدىن ئىككىنى سېتىۋالسىلا، ئىچىدىن چىققان پىياز بىر قازان ئاشقا يېتىدۇ، ۋەسسالام! — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# ئىنسابىغا بىر قەدەھ

بىركۈنى، سەلەي چاققان بازارغا ماڭغان ئوغلىغا:

— ئۆيدىن قانداق چىققان بولساڭ، شۇنداق قايتىپ كېلىش نېسىپ بولسۇن!— دەپتۇ. ئۆيدىكى مېھمانلار ھەيران بولۇپ، ئۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ.

— مەنىسى،— دەپتۇ سەلەي چاققان،— ئۇ ئىچىۋالسا، ئۆيگە ھايۋاندەك تۆت ئاياغلاپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا مايىقنى كۆرسەتمەيدىغان مۇشۇكچىلىكمۇ ئەقىل كىرمىدى. قېنى، ئەمدى باشقىنى قويۇپ، شۇنىڭ ئىنسابىغا بىر قەدەھ كۆتۈرەيلى!...





# قانداق ياسىنىپ يۈرسە بولار؟

بىر كىشى سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— سىلىنى يېڭى مودىلارنى كۆپ بىلىدۇ دېيىشىدۇ، ئوغلۇم چوڭ بولۇپ قالدى. ئەمدى قانداق ياسىنىپ يۈرسە، ساقال - بۇرۇتىنى قانداق قويسا بولار، بىر مەسلىھەت بەرسىلە؟

سەلەي چاققان ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— ساقىلىنى قۇلىقىنىڭ يېنىغا، بۇرۇتىنى كالپۇكىنىڭ قىرىغا قويسۇن، ئىشتىنىنىڭ تىزىنى تار، پۇشقىقىنى كەڭ قىلسۇن. جاۋغاي - قاپاقلىرىغا پىستان ۋە كۇنۇپكىلارنى ئورناتسۇن. يەنىمۇ يېڭى مودا بولسۇن دېسە، كاسا يانچۇقلىرىغا قاغا تۇمشۇق بېكىتىپ، قۇلۇپ سېلىپ يۈرسۇن.

— بۇ مانتيورلار مودىسىمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ياق، خام - خۇتلار مودىسى بولسا كېرەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# ئاپتورنى يۆلەش

سەلەي چاققان كىتابخانىغا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، «نېمە ئۈچۈن ناباب ئەسەرلەر ماختىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ بىر كىتابخان.

— ئاپتورنى يۆلەش ئۈچۈن.

— ئەسلي ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىنى يۆلەش كېرەك ئىدىغۇ؟

— ئۇلارنى يۆلەپ يۈرمىسىمۇ، ئۆزى ئۆرە ماڭالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.





# سالام خەت

سەلەي چاققان بىر نەزىردە ئولتۇرسا، يېنىدىكى بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئۆي ئىگىسىنىڭ موللامنىڭ ئالدىغا قويغان كونۋېرتى نېمىسى؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— مەرھۇمنىڭ ئۇ دۇنيادىن موللامغا يازغان سالام خېتى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سېتىلىپ بولغان

سەلەي چاققاننىڭ كىتاب دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىكەن. بىر ئارتىس كىرىپ قارىسا، ھەممىلا يەردە ئۆزىنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. بۇ ئارتىس خۇشاللىقىنى يوشۇرۇپ «كەمتەرلىك» بىلەن سوراپتۇ:

— باشقا كەسىپداشلىرىمنىڭمۇ سۈرىتى چىققاندىغۇ... ئۇلارنىڭكىنىمۇ ئېسىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟

— كەچۈرسىز، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى ئاللىقاچان سېتىلىپ بولغان...





# كەنجىسى

سەلەي چاققاننىڭ خوتۇنى كەنجى ئوغلىدىن بەكلا پەخىرلىنىدىكەن. بىركۈنى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، خوتۇنى:

— سەلەي ئاخۇن، كەنجى ئوغلىمىز بەك ئەقىللىك بالا بولىدىغان بولدى - دە، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان سەلەي چاققان:

— راست ئېيتىسىلە، خوتۇن، مەنمۇ سىلى بىلەن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆينىڭ كەنجىسى ئىدىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىملەر ئەڭ سېخىي؟

ئوپالدا ئەمەل دېسە ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغان بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنى سېخىي كۆرسىتىپ، مال ـ مۈلكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن. بىر قېتىم ئۇ سەلەي چاققاندىن:

ــ سەلەي ئاخۇن، قېنى دەپ باقسىلا، يۇرتىمىز ئوپالدا كىملەر ئەڭ سېخىي؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ پارا بەرگۈچىلەر بولمامدۇ؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

ــ نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيلا؟ ــ يەنە سوراپتۇ ئۇ كىشى.

ــ چۈنكى، مۇنداق ئادەملەر مال ـ دۇنيانى دوست تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان،ــ شۇڭا، سىلى ئەڭ سېخىي.





# قەسەم ئىچتىم

سەلەي چاققان بەگنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، بەگ بىلەن بىللە چوڭ بىر توي مەرىكىسىگە بېرىپتۇ. بەگ تۆردىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى سەلەي چاققانغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئالدىراپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. توي تۈگىگىچە سەلەي چاققاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىلى ھېچ كىشى چىقماپتۇ. قورساقلىرى ئېچىپ تاقەتتىن تاق بولغان سەلەي چاققاننىڭ تازا غەزىپى كەپتۇ. كەچ كىرگەندە بەگ تويدىن قايتىپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن بەگ:

— سەلەي ئاخۇن، بۈگۈنكى تويدا ساڭا بىرنەرسە تەگدىمۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەگدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — جانابلىرىدىن ئاشقان سۆڭەكنى ئېلىپ چىقىپ ئازگالغا تۆككەندە چاچراپ كېلىپ يوتامغا تەگدى.

— ھەي تەرسا، — دەپتۇ بەگ، — بىرەر نەرسە يېدىڭمۇ، قانداق؟ دەۋاتىمەن!

— يېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداق بولسا، نېمە يېدىڭ؟

— بېگىمنىڭ ئىشتىھاسى چوڭ، قورسىقى يوغان ئىدى، تويغانمىدۇ، تويمىغانمىدۇ؟ — دەپ غەملىرىنى يېدىم.

— مېنىڭ سوراۋاتقىنىم، — دەپ تېرىكىپتۇ بەگ، — سېنىڭ بىرنەرسە ئىچكەن ياكى ئىچمىگەنلىكىڭ!

— ئىچتىم بېگىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان «بۇنىڭدىن كېيىن بېگىم بىلەن توي - مەرىكىگە ھەرگىز بىللە بارماسمەن» دەپ قەسەم ئىچتىم.



# يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن

سەلەي چاققان يۇڭ چەكمەن چاپان تىكىشكە بەكمۇ ئۇستا ئىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ئوپالنىڭ بېگى سەلەي چاققاننىڭ يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ئىككى يېڭىنى ئۇچلاپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ ۋە «يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن» دەپ تاپىلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەلەي چاققان چاپاننىڭ بىر پېشىنى كېسىپ، ئىككى يەڭنى ئۇچلاپ، بەگنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. بەگ بۇ تون چاپاننى كىيىپ تالاغا چىقسا، جامائەت بىر - بىرىگە قاراپ كۈلگۈدەك، بەگ ئۇستىبېشىغا قارىسا، چاپىنىنىڭ بىر پېشى ئۇزۇن، بىر پېشى قىسقا تۇرغۇدەك. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن بەگ سەلەي چاققاننى چاقىرتىپ كېلىپ:

— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلغانلىرى، چاپاننىڭ بىر پېشى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، چاپاننىڭ پېشى ئىككى يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدا، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— كىم سىلىگە شۇنداق قىل دېدى، — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ بەگ.

— تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتتە، — ئۆزلىرى «يامىقى ئۆزىدىن بولسۇن» دېگەنىدىلىغۇ، مەن دېگەنلىرىدەك قىلدىم.



# مېنىڭ پۇلۇم ھالال

سەلەي چاققان ئوپال بازىرىدا كېتىۋاتسا، نامى چىققان بىر ئوغرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەيكا، بۇ پۈتۈن پۇلنى پارچە پۇلغا تېگىشىپ بەرسىلە قانداق؟

— پۇلۇمنىڭ ھەممىسى ئون تەڭگىلىكتىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

بۇنى ئاڭلىغان ئوغرى سەلەي چاققاننىڭ يانچۇقىدا خېلىلا كۆپ پۇل بارلىقىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— سەلەيكا، پۇل ـ پۇلغا ئوخشىشىدۇ، ئۇنداق قىلماي تېگىشىپ بەرسىلە.

ئوغرىنىڭ يامان نىيىتىنى چۈشەنگەن سەلەي چاققان:

— توغرا، پۇل ـ پۇلغا ئوخشىشىدۇ، بىراق، مېنىڭ پۇلۇم ھالال، ئۇنى ھارام قىلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## گىلەم سودىسى

سەلەي چاققان گىلەم سېتىۋالماقچى بولۇپ، شەھەرلىك بىر سودىگەردىن سوراپتۇ:

— باي ئاكا، بىر گىلەم ئالغۇم بار ئىدى.

— ياخشى گەپ، ئىزدەپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئۆيدىلا بار، — دەپتۇ ئۆزىگە بۇيرۇتۇپ توقۇتقان بىر چوڭ گىلەمنى كۆرسىتىپ.

— بولىدىكەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ھەي سەلەي ئاخۇن، بۇنچىۋالا چوڭ گىلەمنى نەگە سالىلا؟ — دەپتۇ سودىگەر ئۇنى كەمسىتىپ.

— كۇلۇڭغا سېلىپ قوياي دېگەنىدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققانمۇ بوش كەلمەي.

— بۇنچىۋالا چوڭ گىلەم كۇلۇڭغا پاتسا، ئۆيلىرى قانچىلىك باردۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ سودىگەر.

— قانچىلىك بولاتتى، — دەپتۇ سەلەي چاققان بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ، — ئۆيۈمنىڭ پەگايىدا ۋارقىرىسا، تۆرگە ئاڭلانمايدۇ.



# ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەلەي چاققان ئېشىكىگە مىنىپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. يول بويىدا شەھەر قازىسىغا يولۇقۇپ قاپتۇ - دە، ئېشەكتىن چۈشۈپ قازىغا سالام قىپتۇ. لېكىن، ئېشىكى قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، زادى تۇرغىلى ئۇنىماپتۇ.

— ھە، سەلەي ئاخۇن، ئېشەكلىرى نېمانچە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىدۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— تەقسىر، ئېشەكتە ئېڭەن يوق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بۈگۈن ھاۋا بەك دىمىق بولدى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ يەلپۈۋاتىدۇ.





## دوكلات ئىچىدە

ئوپالدا جىرىم قويۇش مەزگىلىدە، تەرلەپ - تەپچىپ جىرىم قويۇۋاتقان سەلەي چاققاندىن بىرسى سوراپتۇ:

— سەلەي ئاكا، سىلى نېمىشقا ھەر يىلى مۇشۇ بىر يەرگىلا جىرىم قويىلا؟

— بۇ يەردە بۇلتۇر كولانغان تەييار ئورەكلەر بار، بۇ يىل قايتا ئورەك كولىمىساقمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئۇنداقتا، بۇلتۇر قويغان جىرىملىرى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ كىشى يەنە.

— ۋاي ئۇكام، نېمانچە سوراۋېرىدىغانىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بۇلتۇرقى جىرىملار دوتەي يامۇلىغا يوللانغان دوكلات ئىچىگە كىرىپ كەتتى.





www.uyghurkitap.com

# سىلىگە قالسۇن

سەلەي چاققان ھېيتگاھتا ئايلىنىپ يۈرسە، بىر تىلەمچى ئۇنى مەدداھقا ئوخشىتىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن سەدىقە سوراپتۇ:

ــ ھەق ئاللا، پېقىرغا بىرنى بەرگەن بەندىگە خۇدا مىڭنى بېرەر.

بۇنى ئاڭلىغان سەلەي چاققان مەسخىرە ئارىلاش:

ــ ئۆزلىرى بىلەن نەقنى نېسىگە تېگىشىپ نېمە قىلاي تەقسىر، كەمىنىلىرى ئالىدىغان مىڭنىڭ بىرى سىلىگە قالسۇن، ــ دەپتۇ.





# يېڭى بولۇش ئۈچۈن

سەلەي چاققان ھېيت نامىزىدىن يېنىشىغا، خەلپەت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ھېلى دۇئا - تىلاۋەت قىلغاندا خۇدادىن كۆڭلۈك يېمەكلىك بېرىشنى تىلىدىلە، نېمىشقا ئىككى كۆڭلۈك، ئۈچ كۆڭلۈك، ھەتتا ھەپتىلىك يېمەكلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلمايلا؟

سەلەي چاققان خەلپەتنىڭ غەرىزىنى دەرھال چۈشىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ۋاي خەلپىتىم، نېمە دېسەم بولار؟ يېمەكلىكلەرنىڭ يېڭى بولۇشى ئۈچۈن - دە.





# قۇلىقى يۇمشاق ئەر

بىر يولۇچى سەلەي چاققاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىدىلا يىقىلىپ كەتكەن بىر قىز بالىنى يۆلەپ قويۇپتۇ ـ دە، سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— ئۇ قىزچاق يانلىرىدا يىقىلىپ چۈشسە نېمىشقا يۆلەپ قويمايلا؟

— كەچۈرسىلە، مەن ئۇنى يۆلەپ قويالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— ئايالىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن يانلىرىدا يوق چاغدا ھەرقانداق ئايال زاتى بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز «نامەھرەم بولىدۇ» دېگەنىدى.





# بابلاش

سەلەي چاقچان ئوپال بىلەن توقۇزاق ئارلىقىدا كىراكەشلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوپالدىكى بىر بەگنىڭ خوتۇنى سەلەي چاقچاننىڭ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ توقۇزاققا كەپتۇ.

— خېنىم، يېتىپ كەلدۇق، كىرا ھەققىگە ئالتە تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ سەلەي چاقچان.

— نېمە؟ نېمە؟ بىز بىر ئادەم ئۈچ تەڭگە دېيىشكەنىدۇققۇ؟ — دەپتۇ بەگنىڭ خوتۇنى.

— شۇنداق دېيىشكەن، ئەمما، بايا سىلى ماڭا «ئاستا ھەيدىسىلە، قورسىقىمدا بالام بار» دېگەن ئەمەسمۇ؟

— ھە...





## ئوت يېسە ئۆلۈپ كېتىدۇ

سەلەي چاققان تېرىكچىلىك ئۇچۇن ئۆيىدە بىرنەچچە قوي بېقىپتۇ. بىركۈنى ئۇ تالادىن ئالدىراش كىرىپ ئوغلىدىن:

— بالام، قوي ئوت يېدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادا، نېمانداق گەپ قىلىلا، — دەپتۇ بالىسى، — قوي ئوت يېسە ئاشقازىنى كۆيۈپ ئۆلۈپ كەتمەمدۇ؟

ئاتا ـ بالا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.





## چوڭ بولغاندا

ئوردىنىڭ ياساۋۇللار بېگى ناھايىتى زالىم ئىكەن. بىركۈنى ئۇ ئەركە ـ نايناق ئوغلىنى جامائەت ئالدىدا ماختاپ:

— مېنىڭ بالام كىچىك تۇرۇپ بەك ئەقىللىك، چوڭ بولغاندا قانداقراق ئادەم بولاركىن؟ — دەپتۇ.

جامائەت ئارىسىدا تۇرغان سەلەي چاققان بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قانداق ئادەم بولاتتى، چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنى دورىسا بوينى يۇمشاق، پۇقرانى شىلىپ يەيدىغان تەمەخور بولىدۇ، ئانىسىنى دورىسا كۆزى كىچىك، نەپسى يوغان بالاخور بولىدۇ، — دەپتۇ.





**图书在版编目(CIP)数据**

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜
吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜

美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(12)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015年11月第1版
印　　次　2016年6月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00元 (全十册)

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

9 787546 978086 >

总定价：100.00元(全10册)

10.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى

dudu

www.dudu-book365.com